يەنە ئون بەش پارتا ۋە ئون بەش ئورۇندۇق بار. لېكسىيە ئۈستىلدە ئۈچۈرگۈچ ۋە بورلار بار. پارتىلىرىمىزدا كىتاب، دەپتەر، ماي قەلەم ۋە قېرىنداش قاتارلىق نەرسىلىرىمىز بار. دەرسخانىمىزدا يەنە دۇنيا خەرىتىسى بار.

بىزنىڭ سىنىپتا 30 ئوقۇغۇچى بار. ئون سەككىزى ئوغۇل، ئون ئۈچى قىز. ھەر كۈنى دەرسىمىز بار. بىزنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپلىقىمىز ئۈستۈن. ئۆگىنىش نەتىجىمىزمۇ ياخشى.

II

ئا: ياخشىمۇسىز؟
ئە: ياخشىمۇسىز؟

ئا: سىز يېڭى ئوقۇغۇچىمۇ؟

ئە: ھەئە، مەن يېڭى ئوقۇغۇچى. سىزمۇ يېڭى ئوقۇغۇچىمۇ؟

ئا: ھەئە، سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟

ئە: مېنىڭ ئىسمىم رەنا. سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟

ئا: ئىسمىم مىهراي.

ئە: سىزنىڭ ئۆيىڭىز قەيەردە

ئا: ئۆيۈم توقسۇندا. سىزنىڭ ئۆيىڭىزچۇ؟

ئە: مېنىڭ ئۆيۈم سانجىدا. سىزنىڭ ئاتا – ئانىڭىز بارمۇ؟

ئا: بار.

ئە: دادىڭىز كادىرمۇ؟

ئا: ھەئە، كادىر.

ئە: ئانىڭىزمۇ كادىرمۇ؟

ئا: ئۇ كادىر ئەمەس، ئۇ ئائىلە ئايالى.

ئە: سىزنىڭ ئاكا – ئۇكا، ئاچا – سىڭلىڭىز بارمۇ؟

ئا: مېنىڭ بىر ئاكام، بىر سىڭلىم بار، ئاچام، ئىنىم يوق.

ئە: سىزنىڭ ئاكىڭىز ۋە سىڭلىڭىز ئوقۇشتىمۇ، خىزمەتتىمۇ؟

ئا: ئاكام خىزمەتتە، يېزا كادىرى، سىڭلىم تېخى كىچىك، ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە.

ئە: ئائىلىڭىزنىڭ تۇرمۇشى قانداق؟

ئا: قەدىر ئەھۋال (يامان ئەمەس).

| | | |
|---|---|---|
| ئە: ياق، ئۇلار مېنىڭ ئاكامنىڭ | دوستلىرى<br>ساۋاقداشلىرى<br>مۇئەللىملىرى | . |

II

| | | |
|---|---|---|
| ئا: سىزنىڭ | ئاكىڭىز<br>ئاچىڭىز<br>ئىنگلىزچە<br>لۇغىتىڭىز<br>تۈركچە رومانىڭىز | بارمۇ؟ |
| ئە: ھەئە، مېنىڭ | ئاكام<br>ئاچام<br>ئىنگلىزچە لۇغىتىم<br>تۈركچە رومانىم | بار. |
| ئا: چۈشتىن كېيىن سىلەرنىڭ | ئىشىڭلار<br>دەرسىڭلار<br>مەجلىسىڭلار | بارمۇ؟ |
| ئە: ياق، چۈشتىن كېيىن بىزنىڭ | ئىشىڭلار<br>دەرسىڭلار<br>مەجلىسىڭلار | يوق. |



## تېكست

I

بىزنىڭ دەرسخانىمىز 9- بىنانىڭ 3- قەۋىتىدە، ئۇ كەڭ، يورۇق ۋە پاكىز. دەرسخانىمىزدا بىر چوڭ لېكسىيە ئۈستىلى ۋە بىر چوڭ دوسكا بار. بۇنىڭدىن باشقا،

## توققۇزىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

| | | |
|---|---|---|
| بۇ | بىزنىڭ<br>ئاشخانىمىز<br>ئۆيىمىز<br>ۋېلىسىپىتىمىز<br>ئاچقۇچىمىز | . |
| بۇ سىلەرنىڭ | ئاشخاناڭلار<br>ئۆيۈڭلار<br>ۋېلىسىپىتىڭلار<br>ئاچقۇچىڭلار | . |
| بۇ ئۇلارنىڭ | ئاشخانىسى<br>ئۆيى<br>ۋېلىسىپىتى<br>ئاچقۇچى | . |
| ئا: بۇلار كىم؟<br>ئە: بۇلار بىزنىڭ | دوستلىرىمىز<br>ساۋاقداشلىرىمىز<br>مۇئەللىملىرىمىز | . |
| ئا: ئۇلارمۇ سىلەرنىڭ | دوستلىرىڭلارمۇ<br>ساۋاقداشلىرىڭلارمۇ<br>مۇئەللىملىرىڭلارمۇ | ؟ |